## 10887 ـ ھالال ۋە ھارامنىڭ ئېنىقلىمىسى نىمە ؟

### سوئال

ھالال ۋە ھارامنىڭ ئېنىقلىمىسى نىمە ؟

### تەپسىلى جاۋاپ

مەدھىيە ئاللاھقا بولسۇن .

ھارام بولسا ئۇنى قىلغۇچى جازالىنىدىغان ھەمدە ئۇنىڭدىن ئاللاھ چەكلىگەنلىكى ئۈچۈن ئۆزىنى تارتقۇچى مۇكاپاتلىنىدىغان نەرسە . ھالال بولسا ئۇنى قىلسا گۇناھ بولمايدىغان ، شۇنىڭدەك ئۇنى قىلماسلىق بىلەن گۇناھ بولمايدىغان نەرسە ، بىراق بىر كىشى ئۇنى قىلىش ئارقىلىق ئاللاھقا بولغان ئىتائەتمەنلىكىنى كۈچەيتىشنى مەقسەت قىلسا ، ئۇنداقتا بۇ نىيەت ئۈچۈن ئۇ مۇكاپاتلىنىدۇ .

بىر نەرسىنى ھالال قىلىش ۋە ھارام قىلىش بولسا ئاللاھنىڭ ھوقۇقى .خەلقلەر باركى ، ئۇلار ئاللاھ ھارام قىلغان نەرسىنى ھالال قىلىدۇ ، ھەمدە بەزى خەلقلەر باركى ، ئۇلار ئاللاھ ھالال قىلغان نەرسىنى ھارام قىلىدۇ . ۋە شۇنىڭدەك بەزى خەلقلەر ئاللاھ بەلگىلىمىگەن ئىبادەتلەرنى پەيدا قىلدى ھەمدە ئۇ چەكلەنگەندى . دىنىنىڭ ئاساسى پىرىنسىپى بولسا ، ھالال بولسا ئاللاھ ۋە ئۇنىڭ ئەلچىسى رۇخسەت قىلغان نەرسە ، ھەمدە ھارام بولسا ئاللاھ ۋە ئۇنىڭ ئەلچىسى چەكلىگەن نەرسە . دىن بولسا ئاللاھ ۋە ئۇنىڭ ئەلچىسى بەلگىلىگەن نەرسە . ھىچكىمنىڭ ئاللاھ ئۆز ئەلچىسىگە ئەۋەتكەن توغرا يولنىڭ چەكلىمىلىرىدىن چىقىپ كىتىش ھوقۇقى يوق .

ئاللاھ مۇنداق دىگەن : بىزمۇئىنىڭ توغرا يولىمىزدۇر،شۇ يولدا مېڭىڭلار،نا توغرا يوللاردا ماڭماڭلار،ئۇلار سىلەرنى اللە نىڭ يولىدىن ئايرىۋېتىدۇ،( اللە نىڭ ئەمرىنى تۇتۇش دوزاختىن)ساقلىنىشىڭلار ئۈچۈن،اللە سىلەرگە بۇ ئىشلارنى تەۋسىيە قىلىدۇ .

[ ئەنئام( چاھارپايلار) : 153 ]

ئاللاھ ئەنئام سۈرىسى ، ئەئىراف سۈرىسى ۋە باشقىلىرىدا ، ئاللاھ ئۇ سەۋەبلىك مۇشرىكلارنى سۆككەن نەرسىلەرنى تىلغا ئالدى ، يەنى ئۇلار بەھىرە ، سائىبەلەرگە ئوخشاش ئاللاھ ھارام قىلمىغان نەرسىنى ھارام قىلدى ؛ ھەمدە باللىرىنى ئۆلتۈرۈشكە ئوخشاش ئاللاھ ھارام قىلغان نەرسىنى ھالال قىلىشتى ، ۋە ئاللاھ رۇخسەت قىلمىغان بىر دىننى بىكىتىشتى . شۇڭا ئاللاھ مۇنداق دىدى : ئۇلارنىڭ اللە رۇخسەت قىلمىغان نەرسىلەرنى دىن قىلىپ بېكىتكەن مەبۇدلىرى بارمۇ؟

ھەمدە ئۇلار ھارام قىلىنغان نەرسىلەرنى ئىبادەتلەر قىلىۋېلىشتى ، مەسىلەن ، شىرىك قىلىش ، بۇزۇق ئىشلار ، مەسىلەن ، كەبىنىڭ ئەتراپىدا يالىڭاچ تاۋاپ قىلىش قاتارلىقلار .